## 12499 ـ ھاراق ئىچىۋاتقان ئادەم بىلەن بىر شىرەدە غىزالىنىش توغرىسىدا

**سۇئال**

سوئال: مۇسۇلماننىڭ ھاراق ئىچىۋاتقان ئادەم بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى توغرىمۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ياكى كافىر بولسۇن ھاراق ئىچىۋاتقان ئادەم بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا كۇفرى ۋە باتىل سۆزلەرنى قىلىدىغان ئىنسانلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دىگەن: سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كافىرلار باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار. ئىمام تەبەرى: بۇ ئايەت ھەر تۈردىكى ئازغۇن ـ باتىل سۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇش ـ قوپۇش، سورۇۋنداچىلىق قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھات بېرىدۇ.

ئىبنى كەسىر: ئەگەر ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قىلساڭلار سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش دىگەن ئايەتنى، يەنى گۇناھتا ئۇلارغا ئوخشاش دەپ چۈشەندۈرگەن.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم ھاراق ـ شاراب ئىچىلىۋاتقان ئورۇنلاردا ئولتۇرمىسۇن. تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي سەھىھ دىگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى، گەرچە ئۆزى ھاراق ئىچمىسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان مۇنكەر ئىشلىرىنى ئېتىراپ قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

بىرگە ھاراق ـ شاراب ئىچمىگەندىمۇ ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇ كىشى مۇنكەرنى كۆرۈپ گەپ قىلماي ئولتۇرغانلىقى، ئۇ قىلمىشىڭلار توغرا قىلساڭلار بولىدۇ دەيدىغان ئادىمى شەيتانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئىمانى ۋە ئىنسانى مەجبۇرىيىتى، ئۇلارنىڭ ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشى، سۆزىگە قۇلاق سالمىسا ئۇلار بىلەن بىر سورۇۋندا ئولتۇرماسلىقى، ئاللاھتىن ئۇلارغا ھىدايەت تىلىشى لازىمدۇر.